


تەشۋىقات رەسىمنى **مۇختار ئەپىرى** سىزغان

## ۋەتەن ھەققىدە قوشاقلار

كۆكۈل قويۇپ ئۆستۈردۈم،
ئانار، ئەنجۈر، بادامنى.
ناخشا ئېيتىپ كۈيلەيمەن،
ۋەتىنىمنى ـ ئانامنى.

ھاياتلىقتا جان قوشار،
ئىلى، تارىم، زەرەپشان.
قۇچماقتىمىز ھەر سەپتە،
ۋەتەن ئۈچۈن شەرەپ ـ شان.

يۈرەكلەرنى ياشنىتار،
بەشكېرەمنىڭ ئانارى.
ئانا ۋەتەن قوينىدا،
كۈلدى ئەلنىڭ باھارى.

گۈل شېخىدا بۇلبۇللار،
بەك يېقىملىق سايرايدۇ.
ۋەتەن سېنى كۈيلىسەم،
دىلىم شۇنچە يايرايدۇ.

ئىگىز تاغقا قار چۈشتى،
پەس تاغقا سىم ـ سىم يامغۇر.
مېھرىم ساڭا ۋەتىنىم،
دېڭىزدىنمۇ بەك چوڭقۇر.

پەرۋاز قىلار كۆكتە قۇش،
تايىنىپ پەر ـ قاناتقا.
ئېرىشتۇق ھۆر ۋەتەندە
شاد ـ بەختىيار ھاياتقا.

سازنىڭ ئۈنى جاراڭلار،
تەڭشەلگەندە پەدىسى.
پارلاق ئانا ۋەتەندە،
ھەممىمىزنىڭ ئەتىسى.

ئالدۇق بۇ يىل تاغ كەبى،
پاختا بىلەن ئاشلىقنى.
ئاتا قىلدى ھۆر ۋەتەن،
بىزگە چەكسىز شادلىقنى.

قوشاقلارنى **مۇھەممەت روزى، ئابدۇراخمان ساۋۇت توپلاپ رەتلىگەن**

## مۇبارەك تويۇڭغا ئانجان ۋەتەن

**ئابلىز قۇربان**

ئۇرغىدى يۈرەكتىن ئالقىش، تەنتەنە،
ئىھ، ۋەتەن ـ ئانجان ساڭا ئۇشبۇدەم.
ماڭغاچقا جەڭلەردە قۇچۇپ شان، زەپەر،
مەنزىلگە تاشلاپ سەن زور، غالىب قەدەم.

ئىسلاھات باھارى ياشناتتى سېنى،
جانلاندى قوينۇڭدا يېڭىچە ھايات.
شان ـ زەپەر بەيگىسى قىزىپ ھەر سەپتە،
ھەر ئۆتكەل، داۋاندا بولماقتا پارات.

ماڭماقتا مەردانلار قاراپ نىشانغا،
قەلبگە غايە ۋە ئىستەكنى يۈكۈپ.
ئۇچرىسا يولدا توسقۇن ھەم جاپا،
جاسارەت، غەيرەتتە بىلىنى پۈكۈپ.

يارالدى كەشپىيات، مۆجىزە، ئۇتۇق،
ھەر بىر سەپ، ھەر كەسىپ، ھەر بىر ھالقىدا.
ئىقبالنىڭ پەرىسى ئاچتى يۈز ـ چىراي،
قىلغاچقا بىز ئاڭا ھەردەم، جانپىدا.

ئالغا باس، قۇدرەت تاپ، يۈكسەل داۋاملىق،
شۆھرىتىڭ، داڭقىڭدىن جاھان تاڭ قالسۇن.
مۇبارەك تويۇڭغا، ئانجان ۋەتەن،
سەپەردە غەلىبە، شان ساڭا يار بولسۇن!

## ۋەتەن ھەققىدە پارچىلار

**ياسىن ئىسمائىل**

ۋەتەندە تۇغۇلۇپ ئۆسكەچكە ئوغلان،
ۋەتەننىڭ يولىدا پىدا قىلار جان.
بىر تامچە سۈيۈڭنى ئىچسەم تېنىمگە
خۇشاللىق، جاسارەت كىرىدۇ تاراپ.

× ×

ۋەتەن دەپ ئۆستۈرگەن گۈل ـ چېچەكلەرنى،

## ۋەتىنىم ـ ئۇلۇغ ئانا

**ئۇمىدجان قادىرى**

ۋەتىنىم سەن ئۇلۇغ مۇقەددەس ئانا،
ئەجرىڭدە يېتىلدى پەرزەنتىڭ سانسىز.
ئەگەردە پەپىلەپ باقمىسا ئانا،
بولماسمۇ پەرزەنتلەر مادارسىز، جانسىز؟!

ھەممىگە تەڭ قاراپ، ئوخشاش كۆيۈنگەچ،
ھەممە تەڭ جاي ئالدۇق سەپتىن ـ قاتاردىن.
سىڭدۈرگەن ئەجرىڭدىن دىللار سۆيۈنگەچ،
شەنىڭگە كۈي توقۇتۇق تەمبۇر، ساتاردىن.

ئەي، ئانا شان قۇچۇپ ئۆرلە، ئالغا باس،
تەييارمىز سەن ئۈچۈن جەڭگە ـ چېلىشقا.
ئوغلانلار زەپەردەست سەپ تۈزدى ھەيۋەت،
زىمىنگە شەرەپلىك يۈكنى ئېلىشقا.



## ۋەتىنىم دەپ سوقىدۇ يۈرەك

**پاتىگۈل ياسىن**

(1)

جاھان رەنالىرى ئىچرە مېنىڭدەك بەختىيار يوقتۇر،
كى بولسا گەر ۋۇجۇدىدا مېنىڭدەك ئىپتىخار يوقتۇر.

تومۇرۇمدا قېنىم دەريا يۈرەك ئوينار بىلىق يەڭلىغ،
چىرايى بەختتە رەڭلەنگەن مېنىڭدەك جىلۋىدار يوقتۇر.

دىلىم يايرايدۇ شادلىقتىن ۋىسال جىلۋىسى كۆزۈمدە
خۇمارى ۋەسلىگە يەتكەن مېنىڭدەك گۈلئۇزار يوقتۇر.

ئۆتەر خوش كۈنلىرىم چەكسىز ئۇنىڭ ئىسسىق قۇچاغىدا،
ماڭا ئالەمنى كەزسەممۇ ئۇنىڭدەك غەمگۇزار يوقتۇر.

سوراپ قالساڭ ئەگەر مەندىن: «كىم ئۇ، بەخت ئىختىراسى؟» دەپ،
ۋەتەندۇر جانجان بەختىم، ئاڭا تەڭداش دىيار يوقتۇر.

(2)

جاھاننى مىڭ قېتىم كەزسەم ۋەتەندەك ئۆز دىيار يوقتۇر،
يۈرەكتە مېھرى ئاتەش ھەم ئەبەد قوينى باھار يوقتۇر.

ئوتاشقان تاغلىرى كۆككە، ئاقار دەريالىرىدا بال،
يېرى مۇنبەت، بېغى جەننەت، گىياھى خۇش ئىپار يوقتۇر.

ئاۋام ـ خەلقى چىۋەر، ئىشچان، دىلىغا چىن ئىشەنچ تولغان،
ئۇلۇغ كارۋان يۈرەر مەغرۇر، يولىدا دەرد ـ ئازار يوقتۇر.

ۋەتەن قوينى ئاۋات كۆركەم، ئىلىم ـ ھېكمەت ماكانىدۇر،
ئەرشنى كەزسىمۇ تەڭداش ئاڭا پارلاق ناھار يوقتۇر.

ئۇنىڭ باغرىدا مەن قەترە ئەجىر ـ مېھرىدە نۇرلانغان،
ئۇمىدىدىن چىقالمىسام، مېنىڭدەك شەرمسار يوقتۇر.

شۇڭا دەيمەن: «ۋەتەن، چىمدىم توپاڭچۇن بۇ جېنىم پىدا،
سېنى گۈللەش مېنىڭ ئەھدىم ھامان» ئۆزگە قارار يوقتۇر.

## گۈللە ۋەتىنىم

**زوردۇن ئىمىر**

ۋەتەندە تۇغۇلۇپ ئۆسكەچكە ئوغلان،
ۋەتەننىڭ يولىدا پىدا قىلار جان.
ۋەتەن دەپ ئۆستۈرگەن گۈل- چېچەكلەرنى،
ئەجرىمدە سۇغاردىم شۇڭا يوق ئارمان.

× ×

ۋەتەننى راستىنلا سۆيسەڭ دىلىڭدىن،
تۆكۈلەر مۇھەببەت، سۆيگۈ تىلىڭدىن.
مىڭ قەسەم قىلغاندىن ئەلا ئەل ئۈچۈن،
بىر تال گۈل ئۈندۈرسەڭ قان ۋە تەرىڭدىن.

× ×

ۋەتىنىم قەلبىمدە سۆيگۈ دولقۇنلاپ،
چۆمۈمەن غۇرۇرغا ھۆسنۈڭگە قاراپ.

بىر تامچە سۆيۈگۈنى ئىچسەم تېنىمگە
خۇشاللىق، جاسارەت كىيتىدۇ تاراپ.

× ×

يۈرىكىمدە شادلىق، ئىپتىخار،
مەن ياشايمەن شۇنچە بەختىيار.
چۈنكى شادلىق ھەممە بەختنى،
بەرەي ماڭا ئانجان دىيار.

× ×

ۋەتەن ئۆزۈڭ بولغاچ ئۇلۇغ، يېگانە،
مۇھەببىتىڭ قىلدى مېنى پەرۋانە.
قۇچىقىڭدىن ئايرىلماستىن ياشايمەن،
سېنى گۈللەپ، سېنى قوغداپ مەردانە

## ئىككى شېئىر

ئۆمەر ئىسمائىل


### پەلەكتە ياڭرىغاي ناخشام

ۋەتەن گۈلزارىغا باقسام
چۆمەر قەلبىم ھاياجانغا.
دوستلۇق گۈللىرى ياشناپ
پۇراق چاچقاچ ھەريانغا.

گۈزەلباغ ئىچرە گۈللەرنىڭ
تۇتاشتۇر يىلتىزى مەھكەم.
كۆكۈلنى مەھلىيا قىلدى
ئېچىلغاچ قىشۇياز كۆركەم.

بولۇپ گۈللەرگە مەن شەيدا،
قەدىرلەيمەن ئۇنى جاندىن.
گويا چوغدۇر ئۇنىڭ رەڭگى،
يارالغاچقا شەرەپشاندىن.

شۇڭا ئۇ تۇزۇماس مەڭگۈ،
كۆڭۈللەرگە بېرىپ ئىلھام.
ناۋا قىلسام ئۇنى كۈيلەپ،
پەلەكتە ياڭرىغاي ناخشام.




### ئانا يۇرت سۆيگۈسى

كېرەك ئەمەس سەندىن ئۆزگە قىبلىگاھ،
سەن شۇ قەدەر سۆيۈملۈكسەن، ئۇلۇغسەن.
ئارامگاھىم ـ ساپ ھاۋالىق باغلىرىڭ،
مېھرى ئاتەش قۇياش كەبى نۇرلۇقسەن.

ئانا يۇرتۇم، قەدىرلىك گۈل دىيارىم،
سېنى گۈللەش مېنىڭ ئۇتلۇق قارارىم.
تەر ئاققۇزۇپ ئۆتسەم سېنىڭ قوينۇڭغا،
چېچەك ئاچار بۈيۈك ئارزۇ- ئارمانىم.

## گۈللە ۋەتىنىم

زوردۇن ئىمىر

بىر گۈزەل گۈلسەن ۋەتەن باغ ئارا، بوستان ئارا،
شوخ غەزەل- كۈيسەن گويا شاد ناۋا، داستان ئارا.

تۈگمەس قوينۇڭدىكى بايلىقلىرىڭ، مەدەنلىرىڭ،
ئۈنچە- زەر، ياقۇت، بېزەكسەن، كەھرىۋا- مارجان ئارا.

شوخ يىگىت ـ ئوغلانلىرىڭنىڭ قامىتى تاغلار كەبى،

قىزلىرىڭ مىسلى پەرىزات ھۆر-پەرى، غىلمان ئارا.

شان قۇچۇپ مېھنەت بىلەن تاپتىڭ كامالەت كۈنسېرى،
ئىسلاھات بىرلە نىشانغا يۈكسىلىپ كارۋان ئارا.

سەن ئۈچۈن قەلبىمدە ئىشقىم ياندۇ ئاتەش بولۇپ،
چوغ ئۆزۈڭ، لاۋا ئۆزۈڭ جىسمى ئوت- گۈلخان ئارا.

## ئىككى شېئىر

ئابدۇرېھىم زۇنۇن

### پاسبانىم، باشپاناھىم ئۆز ئېلىم

ئەي ھېكمەت بۇلىقى ئانا يەر،
سەن ئېزىز زەر قوزۇق بىباھا.
قۇچىقىڭ مىسالى بىر بۆشۈك،
يايرايدۇ ئۇندا جان دائىما.

«ئانامنىڭ لىۋى» دەپ بىلىمەن،
لىۋىمدىن سۆيسە ھەر نۇر-زىيا.
جۇشقۇن ھەم شاد ئۆستۈم مېھرىڭدە،
كۆرسەتتىڭ كۆپ ھىممەت ۋە ۋاپا.

باغلانغان بار- يوقۇم بىر ساڭا،
چۈنكى مەن سەندىكى بىر گىياھ.
ھەممىگە تەڭ تېگەر ھىممىتىڭ،
بولسەن جانغا جان ـ باشپاناھ.

ياشنايسەن جەننەتتەك جىلۋىدار،
تۆكۈلسە ئاياۋسىز تەر ساڭا.
ھىممىتىڭ تەڭداشسىز ئالەمدە،
ھەر چىمدىم توپاڭ ـ زەر، تۇتىيا...

### مەن ۋەتەننى كۈيلىدىم قىزغىن

مەن ۋەتەننى كۈيلىدىم قىزغىن،
تالاي شائىر سۆزىدە بولغۇن.
ئاڭا ئوتلۇق نىگاھ تاشلىدىم،
تومەن ئاشىق كۆزىدە بولغۇن.

مەن ۋەتەننى كۈيلىدىم قىزغىن،
سىياھ قىلىپ يۈرەك قېنىمنى.
ئايانمايمەن ئاڭا بېرىشتىن،
كېرەك بولسا شېرىن جېنىمنى.

مەن ۋەتەننى كۈيلىدىم قىزغىن،
گۈللەر چاچقان ئىپار بۇي بىلەن.
تارتۇقلىدىم پۇتۇپ نەزمە- كۈي،
ئانام بەرگەن سادا خۇي بىلەن.

مەن ۋەتەننى كۈيلىدىم قىزغىن،
يارغا تالىق ئوتلۇق سۆيگۈدە.
ئەقىدەمنى بەخشەندە قىلىپ،
يايراپ كەلدىم سۆيگۈ بەھرىدە.

مەن ۋەتەننى كۈيلىدىم قىزغىن،
ئوغۇز ئەمگەن تاتلىق تىلىمدا.
«قىرىق يەتتە يېشىڭ مۇبارەك!»
دېدىم ئاڭا يۈرەك ـدىلىمدا.

مەن ۋەتەننى كۈيلىدىم قىزغىن،
تۇراي قانداق جىمجىت، سادىسىز.
بۇلبۇلىمەن ئۇ بىر لالىزار
ئۆتەي قانداق ئۈنسىز، ناۋاسىز!



گۈللىنىۋاتقان ئۈرۈمچى

ئۆركەش جاپپار فوتوسى

## ۋەتەن ھەققىدە رۇبائىيلار

ئابدۇسەمەت خېلىل

ۋەتەنگە بولغاچقا چوڭقۇر مۇھەببەت،
قەلىمىم قولۇمدىن چۇشمەيدۇ ئەبەد.
قەلبىمدە مەۋج ئۇرار ئىلھامىم مېنىڭ،
يالقۇنلۇق مىسراغا تولار تالاي بەت.

* *

گۈزەللىك شاھى سەن ئەي، ئانا تۇپراق،
قەلبىمدە لاۋۇلدار ساڭا ئىشتىياق.
سەن بىلەن ئېچىلغاچ بەختىمنىڭ گۈلى،
شادلىقىم تاشماقتا بولۇپ بىر بۇلاق.

* *

ۋەتىنىم، مېھرىڭنى يۈرەككە تېگىپ،
باغرىڭنى گۈللەتتىم مۇشكۈلنى يېڭىپ.
ئۆلگەندە ئەبەدى روھىم شادلانغاي،
ئىپار ھىد توپاڭغا كەتكەچ قېتىلىپ.

# شىنجاڭ گېزىتى


مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تونۇش
نومۇرى: CN 65 — 0002 / Z
(ۋەكالەت نومۇرى: 1 — 57)
新疆日报
（维文）
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى (بۇ سان ئالتە بەت)

1996 - يىل
ئۆكتەبر
2
چارشەنبە


## دۆلەت بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن بايراق چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز **مۇھەممەت ئىمىن ئوبۇل** خەۋەر قىلىدۇ: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 47 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن 1 - ئۆكتەبر ئەتىگەن سائەت ئالتىدىن ئون مىنۇت ئۆتكەندە ئۈرۈمچى «خەلق» مەيدانىدا ھەيۋەتلىك دۆلەت بايرىقى چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ھامىدىن نىياز، جاڭ ۋېنيۆ، جۇشىڭتاۋ، ئابدۇرېھىم ھامىد، چېن دېمىن، ۋۇدۇڭفۇ، شيې فۇپىڭ، غوپۇر ئابدۇللا، جاڭ خېڭ، مىجىت ناسىر، دەللىقان مامىقان، دىيار قۇماش، روزى ھوشۇر، جۇجيەنفەن، جاڭ ۋۇ قاتارلىقلار ئون مىڭغا يېقىن ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، دېھقانلار، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە ھەيۋەتلىك بايراق چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.



جۇڭگو خىمىيە قۇرۇلۇشى 7 - قۇرۇلۇش شىركىتى ھۆددىگە ئالغان دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى — ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ يىلىغا 300 مىڭ توننا بىرىكمە ئاممىياك، 520 مىڭ توننا ئورېيا ئىشلەپ چىقىرىش قۇرۇلمىسىنىڭ 2- يۈرۈش ئىككى چوڭ قۇرۇلۇش تۈرى يېقىندا مۇددەتتىن بۇرۇن پۈتۈپ تەكشۈرۈشكە تاپشۇرۇلدى.

سۈرەتتە: يېڭىدىن قۇرۇلغان ئورېيا ئىشلەپچىقىرىش رايونىدىن كۆرۈنۈش.

**ۋېي گوييۇ** فوتوسى

### خۇجىنتاۋ مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى تەركىبىدىكى شىنجاڭ كادىرلار ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشكەندە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى:

# شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇملىقىغا مۇناسىۋەتلىك

## مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى شىنجاڭ كادىرلار ئۆمىكىدىكىلەرگە كۆتۈۋېلىش زىياپىتى بەردى

ئۆز مۇخبىرىمىز **جۇ بىيىنىڭ** بېيجىڭدىن ئەۋەتكەن تېلېگراممىسى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى خۇ جىنتاۋ 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن كېيىن «خەلق» سارىيىدا مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى تەركىبىدىكى شىنجاڭ كادىرلار ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

كۆرۈشۈشكە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋېيۈەنجاڭلىرى چېڭ سىيۈەن، بۇخې، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى ئاپېي ئاۋاڭجىنمېي، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار قاتناشتى.

خۇ جىنتاۋ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا ۋەكالىتەن دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 47 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كەلگەن ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ئۇلاردىن سەمىمىي ھال سورىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئامما يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مەركەزنىڭ بىر قاتار فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشتۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ئىگىلەپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، شىنجاڭنىڭ قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش قىلدى.

خۇ جىنتاۋ مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول، خەلقى ئەمگەكچان، تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى زور، ستراتېگىيىلىك ئورنى ناھايىتى مۇھىم، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش — پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇملىقىنىڭ ئېھتىياجى. ئۇ شىنجاڭلىق يولداشلارنىڭ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىپ، ئىككى تۈپ ئۆزگىرىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە تۈرلۈك ئىشلىرىنى تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى راۋاجلاندۇرۇشنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى تېزرەك بېيىتىشنى ئۈمىد قىلدى.

خۇ جىنتاۋ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: تىنچ، ئىتتىپاق بولغان ياخشى تەرتىپ يارىتىشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيىدە، خەلقتە. يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنى قۇرۇش — شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشنىڭ كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالىتى.

كۆرۈشۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، خۇ جىنتاۋ ۋە دۆلەتنىڭ باشقا رەھبەرلىرى ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى بىلەن بىللە خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى.

ئۆز مۇخبىرىمىز **جۇبىيى** بېيجىڭدىن خەۋەر قىلىدۇ: مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كەچتە زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى تەركىبىدىكى شىنجاڭ كادىرلار ئۆمىكىدىكىلەرگە كۆتۈۋېلىش زىياپىتى بەردى. زىياپەتتە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جاۋگو سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: دۆلەت بايرىمىنىڭ 47 يىللىقىنى تەبرىكلەش ھارپىسىدا شىنجاڭ كادىرلار ئۆمىكى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشكە كەلدى، مەن مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىگە ۋەكالىتەن كۆپچىلىكنى قىزغىن قارشى ئالىمەن.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونىمىزدا پاختا سېتىۋېلىش ئومۇميۈزلۈك باشلاندى

### ئاپتونوم رايونلۇق پاختا - جىگە شىركىتى پاختىكارلارغا «ئاق ھۆججەت» بەرمەيمىز، دەپ ۋەدە بەردى


ئۆز مۇخبىرىمىز **ۋاڭ شىك** خەۋەر قىلىدۇ: بۇ يىل جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا ھەر خىل ئاپەتلەر بولغان بولسىمۇ، پەن - تېخنىكا سېلىنمىسى ۋە ماددىي سېلىنما كۆپەيتىلگەنلىكتىن، ئاپتونوم رايونىمىزدا پاختىدىن مول ھوسۇل ئېلىندى، ھازىر پاختا سېتىۋېلىش ئومۇميۈزلۈك باشلىنىپ كەتتى.

بۇ يىللىق پاختا تىجارىتىدە «ئۈچنى قويۇۋېتمەسلىك»، «ئىككىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» سىياسىتى داۋاملىق ئىجرا قىلىنىدۇ.

ليۇ شىنلەي، ساۋ شىچياڭ چېگرىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش يولىدا باتۇرلارچە قۇربان بولدى

## قوراللىق ساقچى قىسمى باش شتابى بۇ ئىككىيلەنگە

مەكتەپ ناھىيىسىدە
دېھقان رەسساملار قوشۇنى
ئۈزلۈكسىز زورىيىپ،
ئىجادىيەت سەۋىيىسى



## خەلقئارا قىسقا خەۋەرلەر

△ روسىيە ھۆكۈمىتى پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت خەلقئارا ھەمكارلىق مەركىزى بىلەن روسىيە- جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتى 9- ئاينىڭ 26- كۈنى موسكۋا دوستلۇق ئۆيىدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 47 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

△ چاۋشيەن تاشقى مەدەنىيەت ئالاقە كومىتېتى بىلەن چاۋشيەن- جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتى 9- ئاينىڭ 26- كۈنى پىخراڭدا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 47 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 47 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ جىبۇتىدىكى باش ئەلچىخانىسى بىلەن جىبۇتى خەلق سارىيى يېقىندا بىرلىكتە «جۇڭگولۇقلارنىڭ بۈگۈنكى كۈنى»، «جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ۋە «گۈزەل زېمىن» ئاساسىي تېما قىلىنغان چوڭ تىپتىكى سۈرەتلەر كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى**



△ 9- ئاينىڭ 22- كۈنى لوندوندىكى تاگرىن كوچىسى پانۇس ۋە رەڭدار لېنتىلار بىلەن بېزەلدى، بۇ يەردە تۇرۇشلۇق جۇڭگولۇقلار خۇشال - خۇرام ھالدا بىر يەرگە جەم بولۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 47 يىللىقىنى تەبرىكلەپ، ئاۋۇ جاھىننى خۇشال - خۇرام

# جۇشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش

## ـ. لى رۇيخۇەنىڭ ياۋروپادىكى بەش دۆلەتكە قىلغان زىيارىتى تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى



△ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى لى رۇيخۇەن 9- ئاينىڭ 12- كۈنى ئاۋستىرىيە زۇڭلىسى فرانتسكى بىلەن كۆرۈشتى.



△ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى لى رۇيخۇەن 9- ئاينىڭ 10- كۈنى گوللاندىيىدە جۇخارگۈلى تېرىيدىغان بىر دېھقانچىلىق مەيدانى خوجايىنىنىڭ ئۆيىدە زىيارەتتە بولدى.




△ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى لى رۇيخۇەن 9- ئاينىڭ 6- كۈنى پولشا پايتەختى ۋارشاۋادىكى زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىدە پولشا زۇڭتۇڭى كۋاشنېۋسكى بىلەن كۆرۈشتى.



△ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى لى رۇيخۇەن 9- ئاينىڭ 23- كۈنى موسكۋادىكى زۇڭلى مەھكىمىسىدە روسىيە زۇڭلىسى چېرنومىردىن بىلەن كۆرۈشتى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى**



△ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى لى رۇيخۇەن 9- ئاينىڭ 17- كۈنى شۋېتسارىيىنىڭ بېرن شەھىرىدە شۋېتسارىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ رەئىسى دېلامۇرا بىلەن كۆرۈشتى.


◇ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى لى رۇيخۇەن 9-ئاينىڭ 17-كۈنى شۋېتسارىيىنىڭ بېرن شەھرىدە شۋېتسارىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ رەئىسى دېلامىرا بىلەن كۆرۈشتى.

◇ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى لى رۇيخۇەن 9-ئاينىڭ 23-كۈنى موسكۋادىكى زۇڭلى مەھكىمىسىدە روسىيە زۇڭلىسى چېرنومىلكىن بىلەن كۆرۈشتى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى**


خۇرام ھالدا بىر يەرگە جەم بولۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 47 يىللىقىنى تەبرىكلەپ، ئاۋاز چاغىنىنى خۇشال - خۇرام كۆتۈۋالدى. سۈرەتتە: كىشىلەر شىر ئويۇنى كۆرسەتمەكتە.

# دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر



9-ئاينىڭ 22-كۈنى لوندوندىكى تاگرېن كوچىسى ئەتراپىدىكى خانىش تىياتىرخانىسىغا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 47 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز»، «جۇڭگو مىللىي سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئەنگلىيىگە ئويۇن قويۇشقا كەلگەنلىكىنى قارشى ئالىمىز» دېگەن لوزۇنكا ئېسىلدى. لوندوندىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ دۆلەت بايرىمى پائالىيىتىنى بېيىتىش ئۈچۈن، جۇڭگو مىللىي سەنئەت ئۆمىكى تەكلىپكە بىنائەن بۇ تىياتىرخانىدا مەخسۇس ئويۇن قويىدى.


**شىنخۇا ئاگېنتلىقى**



◇ ھازىر ئامېرىكا كۇۋەيتتە ئاراغا چۈشمەيدىغان «F-117» تىپلىق سەككىز كۆرەشچى ئايروپىلان بىر «ۋەتەنپەرۋەر» نامىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ سەككىز باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىش جازىسى ئورۇنلاشتۇردى. پارىس قولتۇقى رايونىنىڭ ۋەزىيىتى كۈندىن كۈنگە جىددىيلەشمەكتە. سۈرەتتە: ئامېرىكا قوشۇنىنىڭ بىر مۇتەخەسسىسى كۇۋەيت شەھىرىنىڭ شىمالىدىن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «ۋەتەنپەرۋەر» نامىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا يىغىدا قويۇپ بېرىش جازىسىنى تەڭشىمەكتە.




◇ 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئامېرىكا تۇنجى تۈركۈمدە كۇۋەيتكە ئەۋەتكەن قۇرۇقلۇق قىسمىنىڭ 200 دىن ئارتۇق ئەسكىرى كۇۋەيت ئايرودرومىغا يېتىپ باردى.



◇ 9-ئاينىڭ 18-كۈنى كۇۋەيت شەھىرىنىڭ شىمالىدىن 12 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى بىر كۆكۈل ئېچىش باغچىسىدا ئامېرىكىنىڭ «ۋەتەنپەرۋەر» نامىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىش بازىسى پۈتكۈزۈلدى. كۇۋەيتنىڭ دىپلوماتىيە ئەمەلدارى شۇ كۈنى كۇۋەيتنىڭ ئامېرىكىنىڭ كۇۋەيت زېمىنىدىن پايدىلىنىپ ئەسكەر يۆتكىشىگە ۋە ئامېرىكىنىڭ كۆرەشچى ئايروپىلانلىرىنىڭ ئۇچۇش- قونۇشىغا رۇخسەت قىلغانلىقىنى دەلىللىدى.

◇ 9-ئاينىڭ 18-كۈنى ئامېرىكىنىڭ «ئاتلانتىس» نامىلىق ئالەم ئايروپىلانى بىلەن روسىيىنىڭ «تىنچلىق» نامىلىق ئالەم بوشلۇقى ئوربىتا پونكىتى ئۇگۇشلۇق تۇتاشتۇرۇلدى. «تىنچلىق» نامىلىق ئالەم بوشلۇقى ئوربىتا پونكىتىدا خىزمەت قىلغىنىغا ئالتە ئايدىن ئاشقان ئامېرىكىلىق بىئوخىمىيە ئالىمى شاننون لۇتىيېد (سولدىن 1-كىشى) ئاياللارنىڭ ئالەم بوشلۇقتا تۇرۇشىدا ئەڭ يېڭى رېكورت ياراتتى.



◇ 9-ئاينىڭ 18-كۈنى چىلى مۇستەقىل بولغانلىقىنىڭ 186 يىللىق خاتىرە كۈنى، بۇ كۈنى پايتەخت سانتىياگو شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدا چىرايلىق كىيىنگەن ياشلار - ئۆسمۈرلەر مۇڭلۇق مۇزىكا ساداسى ئىچىدە چىلىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي ئۇسسۇلى «كۈنكا ئۇسسۇلى»نى ئوينىماقتا، شەھەر ئەتراپىدىكى چارۋىچىلارمۇ ئاتلىق كېلىپ ئويۇننى كۆردى.





◇ سۈرەتتە: لۇتىيېد ئامېرىكىلىق كەسپدىشى ۋىللىيام بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشمەكتە.

**سۈرەتلەرنى شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئەۋەتكەن.**



◇ 9-ئاينىڭ 18-كۈنى تېكساس شتاتىدىكى ئامېرىكا ئەسكىرى بىراد جونسون كۇۋەيتكە مېڭىش ئالدىدا ئەمدىلا 14 ئايلىق بولغان قىزى ئارسانى قۇچىقىغا ئېلىپ ئايالى بىلەن خوشلاشماقتا. 9- ئاينىڭ 17-كۈنى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى كلىنتون، كۇۋەيتكە ئەسكەر ئەۋەتىش بۇيرۇقى چۈشۈردى، 3000 ئەسكەر يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرماقتا.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى، ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر، تېلېفون باش ئايپاراتى: 5818200، ئېلان بۆلۈمى: 5850783، تارقىتىش بۆلۈمى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028، پوچتا نومۇرى: 830051، گېزىتنىڭ ئايلىق باھاسى: 5 يۈەن 40 پۇڭ، پارچە باھاسى: 18 پۇڭ (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى:102)

